# ئادل تەقسمات



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

بۇرۇنقى زاماندا ئەركىن ئىسىملىك بىر بالا بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئۇكىسى بار بولۇپ، ئىككىسى ھەمىشە بىللە ئوينايدىكەن. ئۇلار تاتلىق-تۈرۈمگە ناھايىتى ئامراق ئىكەن. ئانىسى ئۇلارغا تاتلىق-تۈرۈم بەرسە ئەركىن ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇكىسى بىلەن بىللە يەيدىكەن.



ئەمما ئۇ تاتلىق-تۈرۈمنى تەڭ تەقسىم قىلماي، ئۇكىسىنى بوزەك قىلىپ، چوڭ پارچىسىنى ئۆزى ئېلىۋالىدىكەن، ئىبراھىم ئاكىسىنىڭ بۇ تەڭسىز تەقسىماتىدىن نارازى بولىدىكەن. ئاكىسى ئۇنىڭغا:- مەن سەندىن چوڭ بولغاندىكىن، مېنىڭ نېسىۋەممۇ ئەلۋەتتە سېنىڭكىدىن جىق بولىشى كېرەك، - دەيدىكەن.




بىر كۈنى ئىبراھىمنىڭ بوۋىسى ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سوراپتۇ، ئىبراھىم بوۋىسىغا ئاكىسىنىڭ ھەردائىم ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغانلىقىنى شىكايەت قىپتۇ. بوۋىسى ئۇنىڭدىن قايسى تاتلىق-تۈرۈمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ، ئۇ:- مېۋە تورتنى ياخشى كۆرىمەن، - دەپتۇ.



ئەتىسى ئىبراھىمنىڭ بوۋىسى يوغان بىر تال بۆلجۈرگەن تورت ئېلىپ كەپتۇ، ئەركىن ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. بوۋىسى تورتنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن پىچاقنى ئۇنىڭغا بەرگەن ئىكەن، ئۇ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ. بوۋىسى ئۇنىڭغا:- بۇ تورتنى ئۇكاڭ بىلەن ئۆزۈڭگە تەقسىم قىلغىن، - دەپتۇ. ئەركىن تورتنى چوڭ-كىچىك قىلىپ ئىككى پارچىگە تەقسىم قىپتۇ ۋە كۆڭلىدە:-«ماڭا چوڭىنى ئالىدىغان پۇرسەت كەلدى!» -دەپ ئويلاپتۇ.



ئەركىن چوڭ پارچىسىنى ئالماقچى بولغان ئىكەن، بوۋىسى ئۇنىڭغا: - سەن تەقسىم قىلغاندىكىن، ئۇكاڭ ئاۋۋال ئالسۇن. كەل، ئىبراھىم، بىرنى تاللىغىن، - دەپتۇ.



ئىبراھىم چوڭ پارچىسىنى ئاپتۇ، ئەركىننىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ ۋە تورتنى قايتىدىن تەقسىم قىلماقچى بوپتۇ، بوۋىسى ئۇنىڭغا:- ئەگەر ئادىل تەقسىم قىلغان بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ نىسۋىسىنى تولۇق ئالغان بولاتتىڭ، - دەپ ئۇنىڭ تورتنى قايتا تەقسىم قىلىش پىكرىگە قوشۇلماپتۇ. ئەركىن ئۆز قىلمىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ ۋە ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ.

